# يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان مەملىكەت ئىچىدە تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى لۇنتەينىڭ ئورنى ۋە بۈگۈنكى «ئۈرۈمچى» دېگەن نامنىڭ مەنبەسى ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان مۇھاكىمىلەر توغرىسىدا ئومۇمىي بايان

گېڭ يۈەن

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى لۇنتەي جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ مۇھىم قاتناش ئۆتكىلى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي رايوندىكى مۇھىم ھەربىي، مەمۇرىي كەنتلىرىنىڭ بىرى بولغان. جېنگۇەننىڭ 14 - يىلى (640 - يىلى) تاڭ تەيزۇڭ غەربىي رايونغا قوشۇن ئەۋەتىپ قوچونى تىنچلاندۇرغاندىن كېيىن، غەربىي رايوندىكى ئوبلاست، ناھىيەلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ ئورنىنى ئۆزگەرتتى. تيانشاننىڭ شىمالىدا بېشبالىق ئوبلاستىنى تەسىس قىلىپ، لۇنتەي، پۇلي، ئالتۇنبالىق (金满) ئۈچ ناھىيىنى ئۇنىڭغا تەۋە قىلدى. بۇ، لۇنتەي دېگەن نامنىڭ تارىخ كىتابلىرىدا تۇنجى قېتىم خاتىرىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسى ئۇ يەردە ئارقا - ئارقىدىن لۇنتەي ئوبلاستى ۋە لۇنتەي تۇتۇق مەھكىمىسى قاتارلىق ھەربىي، مەمۇرىي ئورگانلارنى تەسىس قىلىپ باج — سېلىق يىغدى، قوشۇن تۇرغۇزۇپ ھەربىي تېرىقچىلىق قىلىپ شەرق بىلەن غەرب سودا چوڭ يولىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغدىدى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى لۇنتەينىڭ شىنجاڭ تارىخىدىكى مۇھىم رولى ھەممىلەنگە ئايان. لېكىن، «تاڭ سۇلالىسىنىڭ يېڭى تارىخى. جۇغراپىيە تەزكىرىسى» دە، پەقەت لۇنتەي ناھىيىسىنىڭ بېشبالىققا تەۋە ئىكەنلىكىلا تىلغا ئېلىنىپ، كونكرېت ئورنى ئېنىق كۆرسىتىلمىگەچكە، لۇنتەينىڭ ئورنى مەسىلىسى ئۇزاقتىن بىرى ئىلمىزنىڭ تارىخ - جۇغراپىيە ساھەسىدە ھەل بولماي كېلىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

«مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دىن ئىلگىرى، شياڭ دا، سېن جۇڭمىيەن قاتارلىق پىشقەدەم تارىخچىلار لۇنتەينىڭ ئورنى مەسىلىسىدە بەزىبىر تەتقىقات خىزمەتلىرىنى ئىشلىگەن بولسىمۇ، لېكىن شۇ چاغدا باشقىلارنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى ئانچە قوزغىيالمىغان-

ھىدى. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، غەربىي رايون تارىخىنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلۇ-شىشىغا ئەگىشىپ، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى لۇنتەينىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى مەسىلىسى-نى چۆرىدىگەن ھالدا تارىخ ساھەسىدە قىزغىن مۇھاكىمە يېيىلىپ باشتىن قانات يايدى.

بۇ ھەقتىكى مۇھاكىمە يولداش ۋاڭ يۇدې «ئەدەبىيات - تارىخ - پەلسەپە» ژۇرنىلىغا بېسىلغان «سېن سەننىڭ شېئىرىدىكى لۇنتەي» دېگەن ماقالىسىدە. خەلق ئەدەبىياتى نەشر قىلغان «تاڭ سۇلالىسى نەزمىلىرىدىن تاللانما» دىكى بىر ئىزاھقا. يەنى: «تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى لۇنتەينىڭ ئورنى بۈگۈنكى شىنجاڭنىڭ كۇچا ناھىيە-سىنىڭ شەرقىگە توغرا كېلىدۇ» دېگەن كۆز قاراشقا قارىتا باشقىچە پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇپ، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى لۇنتەينىڭ ئورنى جەنۇبىي شىنجاڭدا بولماستىن، بۈگۈنكى مىچۈەن دائىرىسىدە، دېگەن كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە بۇنىڭ مۇنازىرە پاكىتلىرىنى بايان قىلغاندىن كېيىن باشلىنىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يولداش ليۇ يۈكىنىڭ «شىنجاڭ گېزىتى» گە بېسىلغان «تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى لۇنتەي بىلەن خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى لۇنتەي» دېگەن تېمىدىكى ماقالىسىدە، لۇنتەينىڭ ئورنى بۈگۈنكى فۇكاڭ ناھىيىسىنىڭ دائىرىسىدە بولۇشى مۇمكىن، دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇ يىلى، «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» نەشر قىلىندى، بۇ كىتابتا تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى لۇنتەي بۈگۈنكى ئۈرۈمچى ئەتراپىدا، دېيىلدى. 1979 - يىلى، «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 4 - سانى (ئىجتىمائىي پەن قىسمى) غا شۆزۇڭجېڭ يازغان «بېشبالىق قەدىمىي شەھىرى ۋە بېشبالىق تۇتۇق مەھكىمىسى»، لىن بېيچېڭ يازغان «تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى لۇنتەي توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش» دېگەن تېمىلاردا ئىككى پارچە ماقالە بېسىلدى. شۆزۇڭجېڭ ئۆز ماقالىسىدە، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى لۇنتەينىڭ ئورنى بۈگۈنكى شىنجاڭدىكى سانجى دائىرىسىدە دەپ كېسىپ ئېيتتى، لىن بېيچېڭ بولسا، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى لۇنتەينىڭ ئورنى بۈگۈنكى ئۈرۈمچىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان ئۇلانباي قەدىمىي شەھىرى خارابىسىدا، دەپ ھېسابلىدى. 2 - يىلى (1980 - يىلى)، «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» (ئىجتىمائىي پەن قىسمى) غا ۋاڭ-يۇدېنىڭ «يەنە تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى لۇنتەي توغرىسىدا — قوشۇمچە يولداش لىن بېيچېڭغا مەسىلە بار» دېگەن تېمىدىكى يەنە بىر پارچە ماقالىسى بېسىلدى، ئاپتور بۇ ماقالىسىدە ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىنى يەنە بىر قېتىم بايان قىلدى، لىن بېيچېڭنىڭ كۆز قارىشىغا ئاساسلار بويىچە رەددىيە بەردى، شۇنىڭ بىلەن بۇ بىر مەيدان مۇنازىرىنى تازا ئەۋجىگە چىقاردى. 1982 - يىلى، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي

پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىغا چىيەن بوچۇەننىڭ «لوۇنتەينىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ۋە ئۇرۇمچى دېگەن نامنىڭ مەنبەسى توغرىسىدا مۇھاكىمە» دېگەن تېمىدىكى ماقالىسى بېسىلدى. ئاپتور بۇ ماقالىسىدە لىن بېيچېڭنىڭ كۆز قارىشىغا قوشۇلمىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ھەمدە ئۇنى نۇرغۇن يېڭى پاكىتلار بىلەن تولۇقلىغان. شۇنداقلا ئۇرۇمچى دېگەن نام ئەمەلىيەتتە لوۇنتەي دېگەن نامدىن كەلگەن، دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئۇزاق ئۆتمەي، 1984 - يىلى «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1 - سانىغا شۆزۇگۇجېڭنىڭ ئۇزۇن بىر پارچە ماقالىسى بېسىلدى. ئاپتور بۇ ماقالىسىدە ئۆز كۆز قارىشىنى يەنىمۇ تولۇقلىدى. مەن بۇ ماقالەمدە پەقەت نۆۋەتتىكى مۇھاكىمىنىڭ ئاساسىي نۇقتىلىرى ۋە ساقلانغان ئىختىلاپلار ئۈستىدە ئىككى جەھەتتىن بىر ئاز توختىلىپ ئۆتمەكچىمەن.

### 1. لوۇنتەي «جەنۇبىي شىنجاڭدا دېگۈچىلەر بىلەن شىمالىي شىنجاڭدا دېگۈچىلەر» توغرىسىدا:

«لوۇنتەي» دېگەن بۇ نام ئەڭ ئاۋۋال خەن سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت تارىخىي كىتابلىرىدا ئوتتۇرىغا چىققان. خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى لوۇنتەينىڭ ئورنى تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا، يەنى بۈگۈنكى شىنجاڭنىڭ بۈگۈر ناھىيىسىدە. تارىخنامىلاردا بۇ توغرۇلۇق ئېنىق پاكىت بار. ئەمما تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى لوۇنتەي شۇ يەردىمۇ - ئەمەسمۇ؟ دېگەن مەسىلىگە قارىتا ئېنىق تارىخىي پاكىت يوق.

«لوۇنتەي» جەنۇبىي شىنجاڭدا دېگۈچىلەر تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى لوۇنتەي بۈگۈنكى شىنجاڭنىڭ بۈگۈر ناھىيىسىدە، دەپ قارايدۇ. بۇرۇن نەشىر قىلىنغان «جۇڭگونىڭ قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى لۇغىتى» نىڭ لوۇنتەي ماددىسىدىمۇ يۇقىرىقى كۆز قاراش ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئۇنىڭدىن باشقا، «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» (ئىجتىمائىي پەن قىسمى) دا ۋە «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1979 - يىل 6 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىكى سانىدا ئېلان قىلىنغان جاڭ جۇاڭنىڭ «سېن سەن ۋە شىنجاڭ» ناملىق ماقالىسىدە، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئەدەبىيات تەتقىقات ئورنى تۈزگەن «تاڭ سۇلالىسى نەزمىلىرى» دىكى «لوۇنتەي» دېگەن نامغا بەرگەن ئىزاھاتتا، ۋۇخەن داشۆسىنىڭ كىلاسسىك ئەدەبىيات كافېدراسى تۈزگەن «تاڭ سۇلالىسى نەزمىلىرىدىن تاللانما» نىڭ ئىزاھاتىدا، گاۋ بۇيىڭ يازغان «تاڭ سۇڭ نەزمىلىرىنىڭ جەۋھەرلىرى» دېگەن كىتابتا، «خەلق ئەدەبىياتى» نىڭ 1979 - يىل 6 - سانىغا بېسىلغان يولداش لىۋبەييۈينىڭ شىنجاڭدىكى ساياھەت خاتىرىسىدە يۇقىرىقى كۆز قاراش قوبۇل قىلىنغان. ھالبۇكى، ئۇلار ئۆز كۆز قارىشىنى پەقەت

ئابىدىلىرى ئاكىلىت ھالدا مۇئەييەنلەشتۈرگەن، ئەمما ھېچقانداق كونكرېت تارىخىي ماتېرىيال ئاساسىنى «ئوتتۇرىغا» قويمىغان. بەرھەق بۇ خىل كۆز قاراشنىڭ تەسىرى نىڭ خېلى زور بولۇشىدا مۇنداق ئىككى خىل سەۋەب: يەنى، بىرى، خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى لۇنتەينىڭ خېلى ئاتىقى چىققانلىقى؛ يەنە بىرى، غەربىي رايونغا بارىدىغان يولنى راۋانلاشتۇرغاندىن كېيىن بۇ يەرگە غەربىي تېرىقچىلىق قىلىشقا ئادەم ئەۋەتكەنلىكى، ئۇ دەۋرنىڭ تارىخىدا يەنە «لۇنتەي ئىشلىرىغا دائىر جىلنامىيىتى» ئۈچۈن ئۆز نەچچە يۈز يىللىق ئۈرۈشتە يەنە تىلغا ئالدۇرغانلىقى؛ يەنە بىرى، بۈگۈنكى لۇنتەي (بۈگۈر) ناھىيىسى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى لۇنتەينىڭ ئورنىدا بولغانلىقىدىن ئىبارەت ئىككى سەۋەب بار دەپ قارايمىز.

لۇنتەي «شىمالىي شىنجاڭدا دېڭىز بويلىرى» بولماستىن، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى لۇنتەي تيانشان تېغىنىڭ شىمالىدا، دەپ قارايمىز. بۇ خىل قاراش تەتقىق قىلىنغان ماقالىلەردىن ئاز ئەمەس. ئۇلارغا يېقىنقى يىللاردا ئېلان قىلىنغان ۋاڭ يۈدى، لى يۈچۈن، گو پىڭلياڭ، شۆز جىياڭ، چيەن بوچۈەن قاتارلىقلارنىڭ ماقالىلىرىدىن باشقا، يەنە ئالىي مەكتەپنىڭ «لۇنتەي ۋە ئۇرۇمچى» دېگەن ماقالىسى («شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» ئىجتىمائىي پەن قىسمى، 1980 - يىلى 4 - سانىدا ئېلان قىلىنغان) نى ۋە ئۇ ماقالىدا تاڭ سۇلالىسى ئۇرۇمچىنى شىنجاڭدا نەزەرە دېگەن، ماقالىسى («شىنجاڭ تارىخىدا ئاتالغان ماقالىلەر توپلىمى»غا كىرگۈزۈلگەن) نى ۋە باشقا ماقالىلەرنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىش مۇمكىن. لۇنتەي «شىمالىي شىنجاڭدا دېڭىز چىلەرى» نەقىل كەلتۈرگەن مەنبەلەر ئاساسلىقى سۇڭ - يۈەن دەۋرىدىكى، يەنى كەيىنكى كىتابلاردىكى مەلۇماتلاردىن، بار ئاستىدىن ئېيتقان يازما يادىكارلىقلاردىن ۋە تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن شائىر سېن سېن يازغان لۇنتەي توغرىسىدىكى نەزمىلەردىن كەلگەن.

ئەدىبكى كىتابلار ئارقىلىق تاڭ سۇلالىسىنىڭ يېڭى تارىخى. جۇغراپىيە تەزكىرىسى» دە: «لۇنتەي ناھىيىسى ۋە ئالتۇنباي (جىمسار)، پۇلى (باركۆل) بېشبالىق ئايلىقىغا تەۋە، ئايماق دەرگەزى بۈگۈنكى جىمساردا» دېيىلگەن. «كەنگەت (قاراشەھەر) تەزكىرىسى» دە: «كەنگەت، كۇسەن (كۇچار)، سۇللۇغ (سۇياپ)، ئۇدۇن (خوتەن) غەربىي رايوندىكى سودىگەرلەردىن باج ئالىدۇ، ئەرەب قايىسى ئۆزلىرى ئالغان باجنى ئۆزلىرى سەرپ قىلىدۇ. شىمالىي يولدىكىلەردىن لۇنتەي باج ئالىدۇ» دېيىلگەن. ئالىملار، يۇقىرىقى بايانلارغا ئاساسەن، بېشبالىق ئايمىقىغا مەخسۇس تيانشاننىڭ شىمالىدىكى جايلارنى ئىدارە قىلغان؛ تيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى جايلارنى، جۈملىدىن بۈگۈنكى لۇنتەينى ھەققەتەن تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەنشى تۇتۇق ھمرا-

ۋۇل مەھكىمىسى ئىدارە قىلغان. شۇڭا، يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن «شىمالىي يولدىكىلەردىن لۈنتەي باج ئالىدۇ» دېگەن جۈملىدىكى «شىمالىي يول»، روشەنكى ئالدىنقى بايانىدا تىلغا ئېلىنغان «ئەنشىدىكى تۆت ھەربىي كەنت» كە نىسبەتەن ئېيتىلغان. دېگەن پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. كىشىلەر دەۋاتقان «شىمالىي يول» تىيانشان تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى بېشبالىق، لۈنتەي، جانبالىق ئارقىلىق غەربكە بارىدىغان كارۋان يولى (سودا يولى) نى كۆرسىتىدۇ. قىسقىسى، بۇ خىل قاراشتىكىلەر لۈنتەي جەنۇبىي شىنجاڭدا ئەمەس، شىمالىي شىنجاڭدا. دەپ قارايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا. بۇ خىل قاراشتىكىلەر يەنە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ياللۇغ چۇسەينىڭ «غەربكە ساياھەت» دېگەن كىتابىدىكى، چيۇچۇجىنىڭ «راھىب چيۇچۇجىنىڭ غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» دىكى مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلارنى ئۆزلىرىنىڭ قارىشىنى ئىسپاتلايدىغان تولۇقلىما ماتېرىيال سۈپىتىدە نەقىل كەلتۈرىدۇ.

يازما يادىكارلىقلار جەھەتتە: بۇ خىل قاراشتىكىلەر ئاساسلىقى، 1973-يىلى تۇرپان ئاستانىدىكى 506-نومۇرلۇق قەبرىدىن چىققان تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت يەم-بوغۇز ھېسابات دەپتىرىدىكى مەلۇماتنى نەقىل كەلتۈرىدۇ. بۇ ھېسابات دەپتىرىگە لۈنتەي ناھىيىسىنىڭ ۋە لۈكچۈن ناھىيىسىنىڭ مۆھرى بېسىلغان ھەمدە ئۇنىڭدا بېشبالىقنىڭ تۇتۇق ھىراۋۇلى فېڭ چاڭچىڭغا ۋە ئاتاقلىق شائىر سېن سەنگە دائىر خاتىرىلەر بار. بۇ ھېسابات دەپتىرىنىڭ يىل دەۋرى تاڭ سۇلالىسى تيەنباۋ يىللىرىنىڭ 12-14-يىللىرى ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ. دەپ بېكىتىلدى. سېن سەن لۈنتەيدە تۇرغان ۋاقىت دەل تيەنباۋ يىللىرىنىڭ 13—15-يىللىرى ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، ئۇلار ھېسابات دەپتىرىنىڭ يىل دەۋرى، مەزمۇنى ۋە تېپىلغان ئورنىغا ئاساسەن، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى لۈنتەينىڭ ئورنى بۈگۈنكى شىمالىي شىنجاڭدا بولسا كېرەك، دېگەن خۇلاسىغا كەلدى.

سېن سەننىڭ نەزمىلىرىمۇ يۇقىرىقى ئۇر قاراشتىكىلەر دائىم نەقىل كەلتۈرىدىغان ماتېرىيالدۇر. سېن سەن لى بەي، دۇفۇ بىلەن بىر قاتاردا تۇرىدىغان تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئاتاقلىق شائىر. ئۇ باش تەپتىش بېگى. ئەنشى-بېشبالىقنىڭ ساتراپ سوتچىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. ئۇ ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي قىسىم چېگرا رايونىدا ھەربىي ۋەزىپە ئۆتىگەندە، ئەينى چاغدا لۈنتەيدە ئۈچ يىل ئۆپچۆرىسىدە تۇرغان. ئۇنىڭ نەزمىلىرىدىن لۈنتەيگە ئائىت 15 كۇپلېتى زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن. شۇڭا، سېن سەننىڭ نەزمىلىرى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى لۈنتەينىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىنى تەتقىق قىلىشتىكى قىممەت-

لىك ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. لۈنتەي «شىمالىي شىنجاڭدا دېگۇچېلەر» ئۆزلىرىنىڭ ماقالىلىرىدە، ئاساسلىقى، ئۇنىڭ «يارغۇلغا بارغاندا»، «بېشبالىقنىڭ غەربىدە فېلىك دافۇنىڭ ئەل بولغانلارنىڭ تەسلىمىنى قوبۇل قىلىشى» ، «لۈنتەي ھەققىدە» ، «زوماچۆەن (يۈرغ تۆزلىكى) دە (فېلىك دافۇنى) قوشۇن تارتىپ غەربكە يۈرۈش قىلىشقا ئۈزلىنىش» ، «قارىلىشۋاتقان مەزگىلدە ھەربىي ئەمەلدار ۋۇنى پايتەختكە ئۇزىتىش» دېگەن شېئىرلىرىنى نەقىل كەلتۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ لۈنتەي تەنيانشاننىڭ شىمالىدا، دېگەن كۆز قارىشىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، لۈنتەي «شىمالىي شىنجاڭدا دېگۇچېلەر» نىڭ كۆز قارىشىدىمۇ بەزى ئوخشىماسلىقلار بار: دېمەك، لۈنتەينىڭ ئورنىنى فۇكاڭدا دېگۇچېلەرمۇ، تۈرۈمچى ئەتراپىدا دېگۇچېلەرمۇ، ئىچۆمدە دېگۇچېلەرمۇ، ئۇلانبايدا دېگۇچېلەرمۇ بار. تۆۋەندە ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ئۇقۇمىنەزىرىنى ۋە ئۇلار نەقىل كەلتۈرگەن ئاساسلىق ماتېرىياللارنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز:

1. لۈنتەينىڭ ئورنى فۇكاڭدا دېگۇچېلەر: بۇ خىل قاراشتىكىلەر «تاڭ سۇلالىسىنىڭ يېڭى تارىخى» دىكى تۆرلۈك ماتېرىياللارنى نەقىل كەلتۈرگەندىن باشقا، يەنە «غەربكە ساياھەت» تىكى: «بېشبالىق شەھىرىنىڭ غەربىگە 200 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا لۈنتەي ناھىيىسى بار، تاڭ سۇلالىسى ئۇ يەرگە ئابىدە ئورناتقان» دېگەن بايانىنى ۋە «راھىب چيۇ چۇجىنىڭ غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» دىكى: «بېشبالىقنىڭ غەربىگە 300 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا لۈنتەي ناھىيىسى بار» دېگەن بايانىنى نەقىل كەلتۈرۈپ، يۇقىرىدىكى بايانلاردا ئېيتىلغان تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى لۈنتەينىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ۋە ئارىلىقىغا ئاساسەن، لۈنتەي بۈگۈنكى فۇكاڭ ناھىيىسى ئەتراپىدا، دەپ ھېسابلايدۇ. پىششىقلاپ تارىخچى شياڭدا ئەپەندىمۇ ئۆز ۋاقتىدا مۇشۇ خىل قاراشتا بولغانىدى. كونكرېت ئورنۇن مەسىلىسىگە كەلسەك، بەزىلەر ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى لۈنتەينىڭ ئورنى بۈگۈنكى جىمساردىن غەربكە ئۆچ ئۆتەڭ يول (ئات ھارۋىدا ئۈچ كۈنلۈك مۇساپە) كېلىدىغان فۇكاڭ ناھىيىسى دائىرىسىدە بولۇشى كېرەك، دېگەن خۇلاسىگە كەلگەن.

2. لۈنتەينىڭ ئورنى سانجىدا دېگۇچېلەر: ئۇلارنىڭ پايدىلانغان ماتېرىيالى 1- خىل قاراشتىكىلەرنىڭكىگە ئوخشىسىمۇ، ئەمما ئۇلارنى ئىزاھلىشى ئوخشاشمايدۇ. ئۇلار، بۈگۈنكى سانجى ناھىيىسى ئەتراپىدىن تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى فۇچېڭزى قەلئە خارابىسى تېپىلغانلىقىغا ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىن تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت نىلوفەر گۈللۈك خىش قاتارلىق ئاسارئەتىقىلەرنىڭ چىققانلىقىغا قاراپ،

ئەشۇ خارابىنى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى لۈنتەيىنىڭ خارابىسى بولسا كېرەك، دېگەن خۇلاسىنى چىقىرىدۇ.

3. لۈنتەيىنىڭ ئورنى ئۇرۇمچى ئەتراپىدا دېگۈچىلەر: بۇ خىل قاراشقا يېقىندا نەشىر قىلىنغان «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» نى مىسال قىلىپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ. بۇ خىل قاراشتىكىلەر «بېشبالىقنىڭ قارمىقىدا ئۇنىڭ غەربىگە 400 نەچچە چاقىرىم كېلىدىغان لۈنتەي ناھىيىسىمۇ بار ئىدى. ئۇ جاينىڭ ئورنى ئۇرۇمچى ئەتراپىدىكى تۆت يېزا ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ» دەپ قارايدۇ.

4. لۈنتەيىنىڭ ئورنى مىچۈەندە دېگۈچىلەر: خېلى بۇرۇنلا بۇ خىل قاراشتىكىلەر بولغان. چىڭ سۇلالىسى زامانىسىدا ئۆتكەن ۋاڭ شۇدەن «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» نىڭ «لۈنتەي» ماددىسىدا: تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى لۈنتەي «بېشبالىق تۇتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسىنىڭ غەربىدە. يا 400 چاقىرىم، يا 300 چاقىرىم، يا 200 چاقىرىم كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئورنى بۈگۈنكى دىخۇا (ئۇرۇمچى) نىڭ شىمالىدىكى گۇمۇدى ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ» دەپ خاتىرە قالدۇرغان. ھېلىمۇ بەزىلەر ئۇنىڭ كۆز قارىشىغا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنىڭ كۆز قارىشىغا قوشۇلۇپ، يۇقىرىقى خاتىرىدە ئېيتىلغان «گۇمۇدى» چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە «چيەندى» دەپ ئاتالغان، ھازىر مىچۈەن دېگەن نامبىلەن ئاتىلىدۇ، ئۇ جاي ئۇرۇمچى شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 40 كىلومېتىر، شەرقتە جىمسارغا تەخمىنەن 300 چاقىرىم كېلىدۇ. ئۇ ھازىر سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم رايونىغا تەۋە. ئەنە شۇ جاي تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى لۈنتەيىنىڭ ئورنىدۇر دەپ ھېسابلايدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، ئۇلار يەنە «تاڭ سۇلالىسىنىڭ يېڭى تارىخى. تۈزۈت تەزكىرىسى» دىكى «لۈنتەي ۋە ئۈمۈرغولدا ھەربىي تېرىقچىلىق يولغا قويۇلدى، ئۇ يەرلەردە بىپايان ئېكىنزارلىقلار بار» دېگەن مەلۇماتنى ۋە تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە لۈنتەيدە بىر مەھەل ھەربىي تېرىقچىلىق قىلىنغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ تارىخىي پاكىتنى كۆزدە تۇتۇپ، ھەربىي تېرىقچىلىق ئۈچۈن ئادەتتە تېرىشقا بولىدىغان [illegible] ماتېرىياللارنى نەقىل كەلتۈرۈپ، ئۇلانبايىنىڭ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى لۈنتەي ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىدۇ.

5 . لۇنتەينىڭ ئورنى ئۇلانبايدا دېگۈچىلەر: بۇ خىل قاراشتىكىلەر بۈگۈنكى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇلانباي قەدىمىي شەھىرى (لەنچېڭزى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى لۇنتەي ناھىيىسىنىڭ خارابىسىدۇر، دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ مۇنازىرە پاكىتلىرى تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى، ئۇلانباي قەدىمىي شەھىرى بىلەن سانجىدىكى تاڭ سۇلالىسىنىڭ بېشبالىق تۇتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسىنىڭ خارابىسى (پوچېڭزى) نىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن 400 كىلومېتىر كېلىدۇ، ئۇلانباي قەدىمىي شەھىرى شىمالىي شىنجاڭ بويىچە ئۈرۈمچى ئەتراپىدا بېشبالىق قەدىمىي شەھىرىدىن قالسىلا كۆلىمى ئەڭ چوڭ قەدىمىي شەھەر. ئۇ يەردىن قارا، قىزىل، كۆلرەڭ ساپال سۇنۇقلىرى تېپىلدى. بۇ شەھەرنىڭ جايلىشىش جەھەتتە، قۇرۇلۇش ئۇسلۇبى جەھەتتە بېشبالىق قەدىمىي شەھىرىنىڭ كىمگە كىمشى ھەيران قالارلىق دەرىجىدە ئوخشىشىپ كېتىدىغان تەرەپلىرى بار.

ئىككىنچى، فونېتىكا جەھەتتىن تەھلىل قىلغاندا، بۈگۈنكى ئۇلانباي دېگەن نام ھەقىقەتەن تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى لۇنتەي دېگەن نامدىن كەلگەن. بۇ خىل قاراشتىكىلەر: لۇنتەي دېگەن سۆز ئەسلىدە خەنزۇچە نام بولماسلىقى مۇمكىن، ئۇنىڭ مەنبەسى ھۇن تىلىدىكى «ئۈرۈمتاي» دېگەن سۆز بولسا كېرەك، ئۇلانباي (乌拉泊) دېگەن نامدىكى «ئۇلا» (乌拉) دېگەنمۇ لۇنتەي دېگەندىن كەلگەن. بۇ يەرنىڭ يەر تۈزۈلۈشى پەسرەك بولۇپ، باھار پەسلىدە قار - مۇزلار ئېرىپ، كۆپىنچە بىپايان ئوكياندەك بولۇپ كېتىدىغانلىقى تۈپەيلىدىن «ئۇلا» سۆزىنىڭ ئاخىرىغا «泊» (پو — كۆل) دېگەن سۆزنى قوشقان.

ئۇنىڭدىن باشقا، جۇغراپىيىلىك جايلىشىش جەھەتتىن ئالغاندا، ئۇلانباي ئۈرۈمچىدىن تۇرپانغا بارىدىغان تەڭرىتاغ ئېغىزىنىڭ ئۆتكىلىگە جايلاشقاچقا، مەيلى ستراتېگىيىلىك جايلىشىش جەھەتتە بولسۇن، ياكى شەرق بىلەن غەربنىڭ قاتناش تارىخى جەھەتتە بولسۇن، ئۇلانباي مۇھىم ئۆتكەلنىڭ بىرى بولغان.

لۇنتەينى «مىچۈەندە دېگۈچىلەر» بىلەن «ئۇلانبايدا دېگۈچىلەر» نىڭ بىر خىل ماتېرىيالنى ئىزاھلىشى ئوخشاشمايدۇ. بۇلار ئىچىدە پىكىر ئىختىلابى بىر قەدەر چوڭ بولغىنى سېن سەننىڭ نەزمىلىرىنى ئىزاھلاش مەسىلىسىدۇر. مەسىلەن، سېن سەننىڭ «قار مەزگىلىدە ۋۇ ئەمەلدارنى پايتەختكە ئۇزىتىش» دېگەن شېئىرىدا «لۇنتەينىڭ شەرق قوۋۇقىدىن ئۇزىتىپ بەگنى، ئاپپاق قارلار قاپلىغان تىيانشان يولىنى، ئەگرى - بۈگرى تاغ يولىدا بەگ بولۇپ غايىپ، يول بويى قالدۇرۇپ ئات ئىزىنى» دېگەن مىسرالارنى ئىزاھلاشتا، لۇنتەينىڭ ئورنى مىچۈەندە دېگۈچىلەر شېئىردىكى «لۇنتەينىڭ شەرق قوۋۇقى»، «تىيانشان يولى»، «ئەگرى - بۈگ-

ري تاغ يولى» دېگەنلەرنى مىچۇەندىكى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت لۇنتەي قەدىمىي شەھىرىنىڭ ئەمەلىي تەسۋىرى دەپ قارىسا. لۇنتەيىنىڭ ئورنى ئۇلانبايدا دېگۈچىلەر بولسا، جۇغراپىيىلىك جايلىشىشى ۋە يۇقىرىدىكى مەنزىرە تەسۋىرىگە ئاسا-لانغاندا. ئۇ بۈگۈنكى ئۇلانباينى كۆرسىتىدۇ.[1] چۈنكى ئۇلانباي قەدىمىي شەھىرى-نىڭ شەرقىي دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدا مىچۇەن ناھىيىسى بولماستىن، تىيانشان تېغى بار. دەپ قارايدۇ. بۇ ئىككى خىل قاراشتىكىلەرنىڭ يەنە «زوما چۇەن (يورغا تۇزلىقى) دە (فېڭ دافۇنى) قوشۇن تارتىپ غەربكە يۈرۈش قىلىشقا ئۈزىتىش» دېگەن شېئىردىكى «قارىمامسىز، زوماچۇەن قاردېڭىزى بويىدا، تەپ-تەكشى بىيا-يان قۇملۇق پەلەككە تۇتاشقان. 9 - ئايدىكى لۇنتەي شامىلى، كېچىلىرى گۈكىرەپ تۇرىدۇ. تۇزلەڭلىكنىڭ شېغىللىرى كۈرىدەك چوڭ بولسىمۇ. شامال ئۇچۇرۇپ ھەممىلا جايدا يورغىلاپ يۈرىدۇ» دېگەن مىسرالارنى ئىزاھلىشىدىمۇ ئىختىلاپ بار. ئۇلار سېن سەننىڭ شېئىرىدىكى زوماچۇەننىڭ بۈگۈنكى ئۈرۈمچى دەرياسى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىسىمۇ، لېكىن شېئىردا ئېيتىلغان جايلارنىڭ پاسىلى ۋە جاي-لىشىشى توغرىسىدىكى مەلۇماتلارنى ئۆزلىرىگە پايدىلىق نۇقتىئىنەزەر بويىچە تەھلىل قىلىدۇ ۋە ئىزاھلايدۇ.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان بەش خىل كۆز قاراشتىكىلەرنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرى مۇرەك-كەپ. چىگىش، ھەر قايسىسى نەقىل كەلتۈرگەن ماتېرىياللارمۇ خېلى مول. بۇ ماقا-لىدە ئۇلارنى قىسقىچىلا تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

**2 . ئۈرۈمچى دېگەن نام بىلەن لۇنتەي دېگەن نامنىڭ مۇناسىۋىتى:**

ئۈرۈمچى دېگەن نام ئەڭ دەسلەپ مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە «ئۇرۇم» (委鲁姆) دەپ خاتىرىلەنگەن (جاڭ گۇاڭدا ئەپەندى بۇ نام يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە بار ئىدى دەپ قارايدۇ). بۇ سۆزنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدە تارىختىن بۇيان تۈرلۈك كۆز قاراشلار مەۋجۇت: بەزىلەر بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئىتتىپاق» دېگەن سۆزدىن كەلگەن دەپ قارىسا. بەزىلەر موڭغۇل تىلىدىكى «گۈزەل يايلاق» دېگەن سۆزدىن كەلگەن، دەپ قارايدۇ. يەنە بەزىلەر بولسا ئۇنى جۇڭغار تىلىدىكى «ياخشى كەڭ مەيدان». «ئېلىشىش» دېگەن سۆزدىن كەلگەن. دەپ قارايدۇ، قىسقىسى، بۇ ھەقتىكى كۆز قاراشلار بىردەك ئەمەس، ھېلىمۇ تېخى بىرلىككە كەلگىنى يوق. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئىلىم ساھەسىدە تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى لۇنتەيىنىڭ ئورنى مەسىلىسى توغرىسىدىكى مۇھاكىمىلەرنىڭ قانات يېيىشىغا ئەگىشىپ.

ئۈرۈمچى دېگەن نام توغرىسىدا يېڭى كۆز قاراش، يەنى «ئۈرۈمچى» دېگەن نام «لۈنتەي» دېگەن نامنىڭ ئاھاڭ ئۆزگىرىشى، دېگەن كۆز قاراش يەنە ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

بۇ خىل كۆز قاراش ئەڭ ئاۋۋال فاڭ تۇشىننىڭ «شەرققە قايتىش سەپىرىدىكى كۈندىلىك خاتىرە»دە ئوتتۇرىغا قويۇلغان، ئۇ خاتىرىدە، ئۈررى (لۈنتەي) دېگەندە ئۈرۈمچى كۆزدە تۇتۇلىدۇ دېيىلگەن، ۋە ھالەنكى، ئەينى چاغدا ئۇ بىر خىل پەرەزدىنلا ئىبارەت ئىدى، خالاس. يېقىندا بۇ خىل قاراشنى ليۇ ۋېيجۈن يەنە ئوتتۇرىغا قويدى، چيەن بوچۈەنمۇ ئەسەر - ماقالىلىرىدە ئۇنىڭغا ئاۋاز قوشتى، شۇنىڭ بىلەن چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئالىمنىڭ پەرىزىگە يېڭى مەزمۇن قوشۇلدى:

ليۇ ۋېيجۈن ماقالىسىدە مۇنداق دەپ قارايدۇ: بۈگۈنكى ئۈرۈمچى دېگەن نام قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۈرۈمتاي دېگەندىن كەلگەن، ئۇ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى لۈنتەي دېگەن نامنىڭ ئالدىغا «ئۇ» (窝) خېتىنى، ئاخىرىغا «م» (木) خېتىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسالغان، تەرجىمە ئاھاڭىنىڭ فونېتىكا ئۆزگىرىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان بۇنداق خەت قوشۇش، ئاھاڭ قوشۇش ئەھۋالى قەدىمكى غەربىي رايوندىكى يەر جاي ناملىرىدا كۆپ ئۇچرايدۇ، مەسىلەن ھورى — پۇلې (蒲类) دېگەننىڭ ئاھاڭ ئۆزگىرىشى، «جىمسار» دېگەندىكى «جىم» — «金满» دېگەننىڭ ئاھاڭ ئۆزگىرىشى، «سار» — قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «شەھەر» دېگەن سۆز بىلەن بىر مەنىدە، ئۈرۈمچى دېگەن نام شۇ يەردە ئولتۇرۇشلۇق ھەر مىللەت خەلقىنىڭ لۈنتەيگە قويغان نامى. خەنزۇلار قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ لۈنتەيگە قويغان نامىنى خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلىپ «ئۈرۈمچى» (乌鲁木齐) دەپ ئاتىغان.

چيەن بوچۈەن مۇنداق دەپ قارايدۇ: فونېتىكا جەھەتتىن ئېيتقاندا، «لۈنتەي تەدرىجىي ھالدا بۈگۈنكى «ئۈرۈمچى» دېگەن نامغا ئۆزگەرگەن. بۇ ئۆزگىرىش خېلى مۇرەككەپ بىر جەرياننى باشتىن كەچۈرگەن. قەدىمكى يازما يادىكارلىقلاردا چېلىقىدىغان ئۈررى (乌垒)، ئۇلۇ (坞娄) 坶، يۈيلەي (于赖)، يۈيلۇ (于娄)، لۈنتۇ (仑头) دېگەن ناملارنىڭ ھەممىسى بىر نامنىڭ ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى ئاتىلىشى. ئۇنىڭ ئەسلى تەلەپپۇز نورمىسى «乌 — 垒 (轮) — 台» (ئۇ — لېي (لۈن) — تەي» ۋە «乌 — 赖 (轮) — 台» دەپ ئوقۇلغان ) 于» (ئۇ — لەي (لۈن) — تەي) ئىدى. بۇ نام ئەسلىدە خۇن تىلىدىكى «ئۈرۈمتاي» يەنى «ياخشى جاي» دېگەن مەنىدە ئىكەنلىكى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ھۇنچە سۆز «ئۈرۈمتاي» تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە

تەدرىجىي ھالدا تۈركچە ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئۈرۈمتايىچى دېگەن سۆزگە ئۆزگەرگەن، كېيىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزگىرىشى جەريانىدا «د» ھەرپى بىلەن «ت» ھەرپى چۈشۈپ قېلىپ، ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئۈرۈمچى» دېگەن سۆزگە ئايلانغان.

چيەن بوچۈەن ئۆز ماقالىسىدە تارىخ - جۇغراپىيە جەھەتتىن تەھلىل قىلىپ مۇنداق ھېسابلايدۇ: 2 مىڭ بىر يۈز نەچچە يىل بۇرۇن، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئەتراپىدا ھۇنلار ئىسكەندىرىيە دۆلىتىنى قۇرغان. خانىنىڭ بارگاھى بۈگۈنكى ئۇلانباينىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى يۇيلۇگۇدا ئىدى. ئۈچ دۆلەت دەۋرىدە ئارقا قانقىل خانى ئىسكەندىرىيىنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ ھازىرقى ئۇلانبايغا «ئۈرۈمتاي» شەھىرىنى سالدۇرۇپ، بارگاھىنى شەرقتىكى جىمسار ئەتراپىدىن شۇ يەرگە كۆچۈرۈپ كەلگەن. مانا بۇ ئۈرۈمچىدە شەھەر سېلىنغانلىقى توغرىسىدىكى ئەڭ دەسلەپكى خاتىرە. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، يەنى 640 - يىلى بۇ يەردە لۈنتەي (ئۈرۈمتاي) ناھىيىسى تەسىس قىلىنغان. يۇيلۇ، يۇيلەي دېگەن ناملارنىڭ ئاھاڭى لۈنتەي بىلەن ئوخشاش بولۇپ، كېيىن «ئۈرۈمچى» دېگەنگە ئۆزگەرگەن.

دېمەك، ئۇلار مۇنداق دەپ ھېسابلايدۇ: بۈگۈنكى ئۈرۈمچى دېگەن نام قەدىمكى دەۋردىكى لۈنتەي دېگەن ئىسىمنىڭ ئاھاڭ ئۆزگىرىشى، «لۈنتەي» دېگەن نام قەدىمدىنلا بار ئىدى، ئۇ ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئىتتىپاق» دېگەن سۆزمۇ ئەمەس، موڭغۇل تىلىدىكى «گۈزەل يايلاق» دېگەن سۆزمۇ ئەمەس ياكى جۇڭغار تىلىدىكى «ياخشى كەڭ مەيدان» دېگەن سۆزمۇ ئەمەس. چۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ غەربىي رايونغا كېلىشى مىلادى 840 - يىلدىن كېيىنكى ئىش، موڭغۇللار بىلەن جۇڭغارلارنىڭ شىنجاڭغا كىرىشى بولسا يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىن كېيىنكى ئىش. ھالبۇكى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى لۈنتەي ناھىيىسى مىلادى 640 - يىلى تەسىس قىلىنغان. شۇڭا، يۇقىرىقى ئۈچ مىللەتنىڭ تېخى غەربىي رايونغا كىرمەي تۇرۇپ، مەلۇم بىر رايونغا ئىسىم قويۇپ قويۇشى زادى مۇمكىن ئەمەس.

ئۇنىڭدىن باشقا، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئالىملارنىڭ قەدىمكى خوتەن يازما يادىكارلىقلىرىغا ئەھمىيەت بېرىشىگە ۋە ئۇلارنى تەتقىق قىلىشىغا ئەگىشىپ، خۇاڭ شېڭجاڭ ئەپەندى تەرجىمە قىلىنغان قەدىمكى خوتەن يازما يادىكارلىقلىرىغا ئاساسەن فونولوگىيە پرىنسىپلىرىنى قوللىنىپ، قەدىمكى خوتەن يازما يادىكارلىقلىرىدا ئۈرۈمچى دېگەن نام بار دەپ ھېسابلىدى. جاڭ گۇاڭدا ئەپەندىمۇ بۇ خىل قاراشقا قوشۇلدى («شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» 1983 - يىل 4 - سانىغا قاراڭ)

يۇقىرىدا يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان مەملىكەت ئىچىدە ئېلىپ بېرىلغان تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى لۇنتەيىنىڭ ئورنى ۋە ئۇرۇمچى دېگەن نامنىڭ مەنبەسى توغرىسىدىكى مۇھاكىمىلەرنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى قىسقىچە تونۇشتۇردۇق. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ھازىرچە تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى لۇنتەيىنىڭ ئورنى ۋە ئۇرۇمچىنىڭ ئەسلى ئورنى مەسىلىسى توغرىسىدا كىشىلەرنىڭ كۆز قارىشى تېخى بىرلىككە كەلمىدى، لېكىن نۆۋەتتىكى مۇھاكىمىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن ئالغاندا، مۇھاكىمىنىڭ مۇنازىرە پاكىتى، دەلىللەش ئۇسۇلى جەھەتتە بۇرۇنقىدىن زور دەرىجىدە يۈكسىلىش بولدى، بەزى نۇقتىئىنەزەرلەر كىشىلەرنى ئويغۇتىدۇ. ئىشىنىمىزكى، ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىنىڭ يەنىمۇ چوڭقۇرلىشىشىغا، تارىخ، ئارخېئولوگىيە، تىل، تارىخ - جۇغراپىيە قاتارلىق پەنلەرنىڭ ئۆز ئارا ھەمكارلىقىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى لۇنتەيىنىڭ ئورنى مەسىلىسى، جۈملىدىن بۈگۈنكى ئۇرۇمچى دېگەن نامنىڭ مەنبەسى ۋە ئۇنىڭ ئەسلىي ئورنى توغرىسىدىكى مەسىلىلەر ئېنىق جاۋابقا ئىگە بولىدۇ.

(«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلىرى ئۇچۇرى» ژۇرنىلىنىڭ 1986 - يىل 2 - سانىدىن تەرجىمە قىلىندى)

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابلەت نۇردۇن